# دەل ۋاقتىدا بولغان مۇھىم، زور باش تېما تەربىيەسى

## —— باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ «ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى خىزمىتى يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدا

□خەلق گېزىتى ئوبزورچىسى

مەيلى بىز قانچىلىك يىراققا بارايلى، كەلگەن يولىمىزنى ئۇنتۇپ قالساق بولمايدۇ.

«ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى خىزمىتى يىغىنىدا، باش شۇجى شى جىنپىڭ پارتىيەنىڭ تۈپ مەقسىتىنى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىش، پارتىيەنىڭ تارىخىي بۇرچىنى ئىشقا ئاشۇرۇش يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ، جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ ئەسلى مەقسىتى ۋە بۇرچىنى چوڭقۇر شەرھلىدى، باش تېما تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇشنىڭ مۇھىم، زور ئەھمىيىتىنى، نىشان - تەلەپ ۋە نۇقتىلىق تەدبىرلىرىنى چوڭقۇر ئىزاھلىدى، باش تېما تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇش توغرىسىدا ئومۇمىيۈزلۈك ئورۇنلاشتۇرما قىلىپ، پۈتۈن پارتىيەدە باش تېما تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇشنىڭ تىرىشىش يۆنىلىشىنى كۆرسىتىپ بەردى، ئۇنى تۈپ مىزان بىلەن تەمىنلىدى.

پارتىيە 19 - قۇرۇلتىيىدا ھاكىم، باشقارما باشلىقى دەرىجىلىكتىن يۇقىرى رەھبىرىي كادىرلارنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، پۈتۈن پارتىيەدە «ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇش قارار قىلىندى. بۇ يىل جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقى، شۇنداقلا پارتىيەمىزنىڭ پۈتۈن مەملىكەتتە ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈۋاتقانلىقىنىڭ 70 - يىلى، مۇشۇ پەيتتە بۇ قېتىمقى باش تېما تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇش دەل ۋاقتىدا بولدى. بۇ قېتىمقى باش تېما تەربىيەسى يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئۇلۇغ كۆرەش، ئۇلۇغ قۇرۇلۇش، ئۇلۇغ ئىش، ئۇلۇغ ئارزۇنى بىرتۇتاش ئىگىلەپ چىقارغان مۇھىم، زور ئورۇنلاشتۇرمىسى، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسى بىلەن پۈتۈن پارتىيەنى قوراللاندۇرۇشنىڭ تەخىرسىز ئېھتىياجى، يېڭى دەۋردىكى پارتىيە قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىشنىڭ تەخىرسىز ئېھتىياجى، پارتىيەنىڭ خەلق ئاممىسى بىلەن بولغان قان بىلەن گۆشتەك مۇناسىۋىتىنى ساقلاشنىڭ تەخىرسىز ئېھتىياجى، پارتىيە 19 - قۇرۇلتىيىدا بېكىتىلگەن نىشان - ۋەزىپىلەرنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ تەخىرسىز ئېھتىياجى. بۇ قېتىمقى باش تېما تەربىيەسىنى ياخشى قىلىش پارتىيەمىزنىڭ ئۆزى ئۆزىدە ئۈزلۈكسىز ئىنقىلاب قىلىپ، خەلقنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، يېتەكلەپ، يېڭى دەۋردە جۇڭگوچە سوتسىيالىزمدا چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇشتىن ئىبارەت ئۇلۇغ ئىجتىمائىي ئىنقىلابنى ئالغا سىلجىتىپ، «بەش بىر گەۋدە» ئومۇمىي ئورۇنلاشتۇرمىسىنى بىرتۇتاش ئىلگىرى سۈرۈپ، «تۆت ئومۇمىيۈزلۈك» ئىستراتېگىيەلىك ئورۇنلاشتۇرمىسىنى ماس ئىلگىرى سۈرۈپ، «ئىككى 100 يىل»لىق كۆرەش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشى، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇشدا ئىنتايىن مۇھىم، زور ئەھمىيەتكە ئىگە.

جۇڭگو خەلقنى بەختكە ئېرىشتۈرۈش، جۇڭخۇا مىللىتىنى گۈللەندۈرۈش جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ ئەسلى مەقسىتى ۋە بۇرچى، ئەۋلادمۇئەۋلاد جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنى ئالدىنقىلارنىڭ ئىزىنى كېيىنكىلەر بېسىش، باتۇرلۇق بىلەن كۆرەش قىلىشقا ئىلھاملاندۇرىدىغان تۈپ ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ. بۇ قېتىمقى باش تېما تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇشتا، ئىدىيە جەھەتتە پارتىيە قۇرۇش، نەزەرىيە جەھەتتە پارتىيەنى قۇدرەت تاپقۇزۇشتا چىڭ تۇرۇپ، كەڭ پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلارنىڭ «تۆت ئاڭ»نى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىشى، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىشى، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇشقا تۈرتكە بولۇپ، ئېتىقاد ئاساسىنى مۇستەھكەملەش، مەنىۋى كالتسىينى تولۇقلاش، ئىدىيەدىن ئىبارەت بۇ رولنى چىڭ تۇتۇش كېرەك؛ يېڭى دەۋردىكى پارتىيە قۇرۇلۇشى ئومۇمىي تەلىپىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، پارتىيەنىڭ ئىلغارلىقىغا تەسىر يەتكۈزىدىغان، پارتىيەنىڭ ساپلىقىنى ئاجىزلاشتۇرىدىغان بارلىق مەسىلىلەرگە قارشى قەتئىي كۆرەش قىلىپ، تىرىشىپ پارتىيەمىزنى تېخىمۇ مۇستەھكەم، كۈچلۈك قىلىپ قۇرۇپ چىقىش كېرەك؛ كەڭ پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلارنى پارتىيەنىڭ جان - دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش تۈپ مەقسىتىنى ئاڭلىق ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈشكە تەربىيەلەپ، يېتەكلەپ، ئاممىغا ئەڭ كۆڭۈل بۆلىدىغان، ئەڭ رېئال مەنپەئەت مەسىلىلىرىنى كۈچەپ ھەل قىلىپ، خەلق ئاممىسىنىڭ پارتىيەگە بولغان ئىشىنىشى ۋە ئىشەنچىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىپ، پارتىيەنىڭ ئۇزاق مۇددەت ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشىدىكى ئەڭ ئىشەنچلىك سىنىپىي ئاساسى ۋە ئاممىۋى ئۇلىنى مۇستەھكەملەش كېرەك؛ كەڭ پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلارنى ئىنقىلابىي ئەنئەنە ۋە ئېسىل ئىستىلنى ئەۋج ئالدۇرۇشقا تەربىيەلەپ، يېتەكلەپ، خەلقنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، يېتەكلەپ، پارتىيە 19 - قۇرۇلتىيىدا تۈزۈلگەن ئۇلۇغۋار پىلاننى قەدەممۇقەدەم گۈزەل رېئاللىققا ئايلاندۇرۇش كېرەك.

«ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇشتا، ئەسلى مەقسەتنى ساقلاپ، بۇرچنى زىممىگە ئېلىش، پەرقلەرنى تېپىپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى تۇتۇش ئومۇمىي تەلىپىنى پۇختا ئىگىلەپ، يېڭى دەۋردە جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى چوڭقۇر ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش، سادىق، پاك، مەسئۇلىيەتچان سىياسىي پەزىلەتنى تاۋلاش، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، يېتەكلەپ، ئۇلۇغ ئارزۇنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئورتاق كۆرەش قىلىش تۈپ ۋەزىپىسىنى پۇختا ئىگىلەپ، نەزەرىيە ئۆگىنىش جەھەتتە ئۈنۈم ھاسىل قىلىش، ئىدىيە - سىياسىي جەھەتتە تاۋلىنىش، ئىش قىلىپ نەتىجە يارىتىپ مەسئۇلىيەتنى دادىل زىممىگە ئېلىش، خەلق ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىپ قىيىن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش، پاك - دۇرۇس بولۇپ ئۈلگە بولۇش كونكرېت نىشانىنى تىرىشىپ ئىشقا ئاشۇرۇپ، بۇ قېتىمقى باش تېما تەربىيەسىدە پۇختا نەتىجە - ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈرۈشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ «ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى خىزمىتى يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزى ناھايىتى كۈچلۈك سىياسىيۋىلىككە، ئىدىيەۋىلىككە، قاراتمىلىققا، يېتەكچىلىككە ئىگە بولۇپ، باش تېما تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇشتىكى تۈپ كۆرسەتكۈچ، يېڭى دەۋردە پارتىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشتىكى پروگراممىلىق خاراكتېرلىك ھۆججەت. پۈتۈن پارتىيەدىكى يولداشلار ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئۆزلەشتۈرۈپ، ئىدىيەنى ئاڭلىق ھالدا باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىغا بىرلىككە كەلتۈرۈپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ روھىنى توغرا ئىگىلەپ، ئۆز جايى، ئۆز تارمىقى، ئۆز ئورنىنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، خىزمەتلەرنى ئىجادىي قانات يايدۇرۇپ، ئۆگىنىش - تەربىيە، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش، مەسىلىنى تەكشۈرۈش - كۆزىتىش، تۈزىتىشنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى باش تېما تەربىيەسىنىڭ پۈتۈن جەريانىغا سىڭدۈرۈپ، پۈتۈن پارتىيەنىڭ ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىپ قىيىنچىلىقلارنى يېڭىش، ئىش قىلىپ نەتىجە يارىتىشتىكى غايەت زور قىزغىنلىقىنى قوزغىتىپ، تېخىمۇ ئاڭلىق ھالدا يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ تارىخىي بۇرچى ئۈچۈن كۆرەش قىلىشى كېرەك.

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 6 - ئاينىڭ 1 - كۈنى تېلېگراممىسى)**

# يېشىللىققا پۈركەنگەن ئېكولوگىيە جاۋاب قەغىزى تاپشۇرۇش

(بېشى 1 - بەتتە)

مەركەزنىڭ 2 - قېتىملىق شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىدىن بۇيان، شىنجاڭ تېجەشنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش، ئاسراشنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش، تەبىئىيلىكنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى ئاساس قىلىش فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇپ، ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى ئاسراش قۇرۇلۇشنى ھەر تەرەپلىمە، پۈتۈن رايونلۇق، پۈتۈن جەريانلىق قانات يايدۇرۇپ، تاغ، سۇ، ئورمان، ئېتىز، كۆل، ئوتلاق بىر گەۋدىلەشكەن ئېكولوگىيەنى ئاسراش ۋە ئەسلىگە كەلتۈرۈش قۇرۇلۇشنى چوڭقۇر يولغا قويۇپ، ئېكولوگىيە ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇلغان، يېشىل تەرەققىيات يۆنىلىش قىلىنغان يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىيات يولى ئۈستىدە ئىزدەندى.

### ■ كۆك ئاسمان، ئاق بۇلۇتنى مەڭگۈ ساقلاپ قېلىش

ئۇلۇغچات ناھىيەسى قىزىلئۆي يېزىسى كەڭشۇەر كەنتىدە، ماتاي قادىر پۈتۈن كەنتتىكى 152 ئائىلىلىك چارۋىچىغا ئوخشاش پاكىز تەبىئىي گاز ئىشلىتىشكە كۆنۈپ قالدى. كىشىلەر كىلاپاننى ئاچسىلا، كۆكۈش ئوت يالقۇنى لاپىلا قىلىپ ياندۇ.

تەبىئىي گازلا ئەمەس، ئۆتكەن بەش يىلدا، ئاپتونوم رايون يەنە كۆمۈرنىڭ ئورنىغا توك ئىشلىتىش سىياسىتىنى يولغا قويۇپ، ئېتىبارلىق توك باھاسى ئارقىلىق يېزا - كەنتلەردە پاكىز ئېنېرگىيەنىڭ ئومۇملىشىشىغا تۈرتكە بولدى. بورتالا شەھىرىنىڭ دالتۇ بازىرىدا، توك بىلەن ئىسسىنىشنىڭ ئومۇملىشىشى بۇ جايدىكى دېھقانلارنى شەھەرلىكلەرگە ئوخشاش تۇرمۇشقا ئېرىشتۈردى.

دالتۇ بازىرى ئىگىنخۇش كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى داۋۇت كەنتتە توك پارنى ئەڭ بالدۇر ئورناتقانىدى. «مەن 2017 - يىلى ئورناتقان، قوشنىلارنىڭ ھەممىسى كېلىپ مەندىن ياخشىمىكەن دەپ سورىدى، مەن ‹ئەلۋەتتە ياخشىكەن، قاراڭلار، ئۆي شۇنداق پاكىز تۇرىدىكەن› دېدىم.» داۋۇت مۇنداق دېدى: «مېنى ئىككى قېتىم ئىس ئېلىپ، قورقۇپ كەتكەنىدىم. توك پار ھەم پاكىز، ھەم بىخەتەر ئىكەن».

«پاكىز ئېنېرگىيە ئومۇملاشتۇرۇش يېزا - كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيەسىدىكى بىر تۈرلۈك تەدبىر. بۇنىڭدىن كېيىن، كەنتلەر بارغانسېرى پاكىز، كەنت ئاھالىلىرىنىڭ تۇرمۇشى بارغانسېرى راھەت بولىدۇ» دېدى دالتۇ بازىرىنىڭ بازار باشلىقى ۋاڭ جيەنشى.

بەش يىلدىن بۇيان، پاكىز ئېنېرگىيە تىيانشاننىڭ جەنۇبى - شىمالىدا ئۈزلۈكسىز ئىشلىتىلدى. تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ گىرۋىكىنى بويلاپ يۈرگەندە، ئارىلاپ قۇياش ئېنېرگىيەلىك توك چىقىرىش ئەسلىھەلىرىنىڭ رەتلىك تىزىلغانلىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ. شىمالىي شىنجاڭدا، غەربتىن شەرققە سوزۇلغان كەڭرى رايوندا، داۋانچىڭ شامال ئېلېكتر ئىستانسىسى ھازىر بىردىنبىر شامال ئېنېرگىيە مەنزىرىسى ھېسابلىنىدىغان بولدى، غايەت زور شامال كۈچى گېنېراتورلىرى ئوتلاق، چۆللۈك ئارىسىدا ئورماندەك قەد كۆتۈرۈپ، شامال كۈچىنى ئېلېكتر ئېنېرگىيەسىگە ئۈزۈلدۈرمەي ئايلاندۇردى. بارغانسېرى كۆپ دېھقان - چارۋىچى ئىس - تۈتەكلىك «ئوتۇن، كۆمۈر دەۋرى»دىن پاكىز ئېنېرگىيەلىك «ئالتۇن دەۋر»گە كىردى.

ئۆتكەن بەش يىلدا، شىنجاڭ ئاساسلىق بۇلغىما ئومۇمىي مىقدارىنىڭ قويۇپ بېرىلىشىنى چەكلەش خاراكتېرلىك تەكشۈرۈپ باھالاش كۆرسەتكۈچىنى ئومۇمىيۈزلۈك تاماملىدى، ئاساسلىق بۇلغىما قويۇپ بېرىش ئومۇمىي مىقدارى سىجىل تۆۋەنلىدى. 2018 - يىلى پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى (مەمۇرىي مەھكىمە) تۇرۇشلۇق 14 شەھەردىكى گۈڭگۈرت (IV) ئوكسىدى، ئازوت (IV) ئوكسىدىنىڭ قويۇقلۇقى ئايرىم - ئايرىم 2014 - يىلدىكىدىن 35.3%، 20.6% تۆۋەنلىدى. ئۈرۈمچىنىڭ ھاۋا مۇھىت سۈپىتى ئەلا بولغان كۈن سانى 2014 - يىلدىكىدىن 12.6% كۆپىيىپ، ئاتموسفېرا بۇلغىنىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تۈزەش ھەرىكەت پىلانىنىڭ 1 - باسقۇچلۇق نىشانى ئومۇمىيۈزلۈك ئىشقا ئاشۇرۇلدى.

### ■ كەڭ زېمىندا يېشىل دولقۇننى مەۋج ئۇرغۇزۇش

ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ئورگان ئىشلارنى باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ كادىرى لىۋ جىننىڭ بۇ يىل تۇنجى تۈپ كۆچەت تىككەن كۈنى ئېنىق ئېسىدە. «3 - ئاينىڭ 27 - كۈنى، ئاقسۇ شەھىرى كوكتەيلىك مىليون مو چۆللۈكنى كۆكەرتىش قۇرۇلۇشى نەق مەيداندا كۆچەت تىكتۇق» دېدى لىۋ جىن. لىۋ جىن كۆچەت تىككەن جايدىن 20 نەچچە كىلومېتىر يىراقلىقتىكى جايدا كۆكيار مىليون مولۇق ئورمان دېڭىزى يېپيېشىل دولقۇنغا ئايلانغانىدى.

كۆكيارلا ئەمەس، ئۆتكەن بەش يىلدا، ئاقسۇ ۋىلايىتى كۆكيار چۆللۈكىنى كۆكەرتىش قۇرۇلۇشى ئاساسىدا، «تۆت بىر مىليون مو» قۇرۇلۇشىنى باشلىدى، ئاقسۇ دەرياسى ھەۋزىسىدىن ئۆگەن دەرياسى ھەۋزىسىگىچە، يەنە كوكتەيلىك رايونىغىچە، قاتلاممۇقاتلام يېشىللىق ئۈزلۈكسىز كېڭەيدى.

بۇ پەقەت شىنجاڭنىڭ ئۆتكەن بەش يىلدىكى كۆكەرتىشنىڭ ئىخچام كارتىنىسى. ئاپتونوم رايونلۇق ئورمانچىلىق ۋە ئوتلاق ئىدارىسى ئېكولوگىيەنى قوغداش، ئەسلىگە كەلتۈرۈش باشقارمىسى(ئاپتونوم رايونلۇق كۆكەرتىش كومىتېتى ئىشخانىسى)نىڭ مۇئاۋىن باشقارما باشلىقى ياڭ جيەنمىڭ مۇنداق تونۇشتۇردى: بۈگۈنكى كۈندە، پۈتۈن شىنجاڭدا پەقەت ئۈچ شامال ئىھاتە ئورمىنى قۇرۇلۇشىنىڭ كۆلىمىلا 66 مىليون مودىن ئاشتى، پۈتۈن شىنجاڭدىكى سۈنئىي بوستانلىق كۆلىمى 62 مىڭ كۋادرات كىلومېترغا يەتتى. مۇشۇ ئاساستا، 2019 - يىلى شىنجاڭ ئاز دېگەندىمۇ يەنە 2 مىليون مو يەردە يېڭىدىن ئورمان بىنا قىلىدۇ.

يېشىللىق ياشاش مۇھىتىنى ياخشىلاپلا قالماي، يەرلىك ئاممىغا بايلىق ئېلىپ كېلىپ، «سۇلار سۈزۈك، تاغلار يېشىل بولۇشنىڭ ئۆزى بىر بايلىق» دېگەن ئىدىيەنى دەلىللىدى. ھەرقايسى جايلار بوستانلىقنىڭ ئەتراپىغا ئېكولوگىيە ئورمىنى تىكتى، ئىچكى قىسمىغا قاراتمىلىق ھالدا ئىقتىسادىي ئورمان تىكتى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئورمان ئاستىدا باقمىچىلىق، ئېكولوگىيە ساياھىتى قاتارلىق كۆپ خىل ئىگىلىك تۈرلىرىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇردى. 2018 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر، شىنجاڭ مىقياسىدا 22 مىليون مو باغ - ئورمان بەرپا قىلىنىپ، مېۋە - چېۋە يىللىق ھوسۇلى 10 مىليون توننىدىن ئېشىپ كەتتى.

سۈنئىي ئورمان پائال كېڭەيتىلىش بىلەن بىللە، تەبىئىي ئورمانمۇ سىجىل قوغدالدى ھەم قۇدرەتلىك ئىقتىسادىي ھاياتىي كۈچى ئۇرغۇتۇلدى. شىخو فوشەن دۆلەت ئورمان باغچىسىدا تەبىئىي ئورماننى قوغداش ۋە ئۇنىڭدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش ئارقىلىق، بۇ جاي ئارشاڭدا دەم ئېلىپ داۋالىنىش، گۈل تاماشا قىلىش، ئورماننى كېسىپ ئۆتۈش، پەننى ئومۇملاشتۇرۇش تەربىيەسى، ساپانى ئۆستۈرۈش قاتارلىق نۇرغۇن كەسىپ ھالىتى بىر گەۋدە قىلىنغان كۆپ مەنبەلىك ئورمان تەسىراتى مەنزىلگاھىغا ئايلاندى. بەش يىلدىن بۇيان، بۇ باغچە جەمئىي 700 مىڭ ئادەم قېتىمدىن ئارتۇق ساياھەتچىنى كۈتۈۋالدى.

شىنجاڭدىكى تەبىئىي ئورمانلار ئىقتىسادىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا يېشىل تىرەك بولماقتا. «2018 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، شىنجاڭدا ھەر دەرىجىلىك ئورمان باغچىسى جەمئىي 64كە، ئومۇمىي كۆلىمى 1 مىليون 661 مىڭ 900 گېكتارغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت دەرىجىلىك ئورمان باغچىسىدىن 24ى بار.» ئاپتونوم رايونلۇق ئورمانچىلىق ۋە ئوتلاق ئىدارىسى تەبىئىي ئورماننى قوغداش قۇرۇلۇشى ۋە كەسپ تەرەققىياتى ئىشخانىسىنىڭ ئالىي ئىنژېنېرى شياۋ جۈچى مۇنداق دېدى: «ئورمان باغچىسى ‹ئاسراشنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش، مۇۋاپىق پايدىلىنىش› پرىنسىپىنى ئاساس قىلغان، بارلىق پايدىلىنىشنىڭ ھەممىسىدە ئاسراش ئالدىنقى شەرت قىلىنغان بولۇپ، مۇۋاپىق پايدىلىنىش ئورماننى ئاسراش ئۈچۈن مۇھىم مەبلەغ مەنبەسى ئېچىپ بېرىپلا قالماي، تېخىمۇ مۇھىمى، ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى ئاسراش قىممىتىنى يەنىمۇ نامايان قىلدى».

### ■ دەريا - كۆللەرنىڭ سۈيىنى سۈزۈك، ساھىلىنى پاكىز قىلىش

ھەر كۈنى، نۇرمۇقان سېرىك موتوسىكلىتقا مىنىپ، ئەستايىدىللىق بىلەن ئۆزى مەسئۇل بولغان رايوننى بويلاپ ئېبنۇر كۆلىنى چارلايدۇ. 2017 - يىلى، ئەسلىدە ئېبنۇر كۆلى بويىدا چارۋا باقىدىغان نۇرمۇقان باشقا 188 چارۋىچى بىلەن بىللە، كالا، قويلىرىنى ھەيدەپ ئاسراش رايونىدىن تەلتۆكۈس كۆچۈپ چىقتى. نۇرمۇقانمۇ پادا قامچىسىنى تاشلاپ، ئېبنۇر كۆلى سۇلۇق يەر دۆلەت دەرىجىلىك تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى قۇش ئارىلى باشقۇرۇش - ئاسراش پونكىتىنىڭ بىر باشقۇرۇش - ئاسراش خادىمىغا ئايلاندى.

كىشىلەر ئېبنۇر كۆلى بويىدىكى ئوتلاقنى ئاق بوغۇز بۆكەن قاتارلىق ياۋايى ھايۋانلارغا، كۆل يۈزى بىلەن ساھىلنى سۇ قۇشلىرى ۋە ئارتېمىيە قوڭغۇزىغا قايتۇرۇپ بەرگەندىن كېيىن، ئېبنۇر كۆلى سۇلۇق يەر مۇھىتىنىڭ چېكىنىش يۈزلىنىشى ئۈنۈملۈك توسۇلۇپ، ئېكولوگىيە سىستېمىسى تەدرىجىي مۇقىملاشتى. ئېبنۇر كۆلنى ۋەكىل قىلىپ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى تېخىمۇ كۆپ جاي كۆز ئالدىدىكى مەنپەئەتتىن ۋاز كېچىپ، سۇلۇق يەر، دەريا ئېقىنى ئېكولوگىيە سىستېمىسىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە ئاسراشقا كۈچ چىقارماقتا.

2018 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، شىنجاڭدىكى قوغدالغان سۇلۇق يەر كۆلىمى 2 مىليون 610 مىڭ 500 گېكتارغا يېتىپ، 51 ئورۇندا دۆلەت سۇلۇق يەر باغچىسى قۇرۇلدى. شىنجاڭدا دەريا - كۆل باشلىقى تۈزۈمى ئومۇمىيۈزلۈك يولغا قويۇلغاندىن بۇيان، پۈتۈن شىنجاڭدىكى 3355 دەريا ئېقىنى، 110 كۆلگە بەش دەرىجىلىك دەريا (كۆل) باشلىقى بېكىتىلدى، ھەر دەرىجىلىك دەريا (كۆل) باشلىقلىرى دەريا - كۆللەرنى چارلاش، تەكشۈرۈش خىزمىتىنى دائىم قانات يايدۇرۇپ، جەمئىي 150 مىڭ ئادەم قېتىم دەريا - كۆللەرنى چارلىدى.

بۈيۈنتۇ دەل ئاساسىي قاتلامدىكى نۇرغۇن دەريا - كۆل باشلىقىنىڭ بىرى. باغراش ناھىيەسى بۇمبۇت بازىرى نايىن تولغوي كەنتى كەنت ئاھالە كومىتېتىنىڭ بۇ مۇدىرى ئۆزى تۇرۇشلۇق رايوندىكى باغراش كۆلىنىڭ كۆل بۆلىكى باشلىقلىق مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئالغاندىن كېيىن، ھەر شەنبە كۈنى چارلاش - ئاسراش ئەترىتىنىڭ ئەترەت ئەزالىرى بىلەن بىللە، 30 نەچچە كىلومېتىر جايىنى ئاتلىق چارلاپ ئاسرىدى.

«باغراش كۆلى ئاسرىلىپ، بېلىق ۋە قۇشلار كۆپەيدى، ساياھەتچىلەرمۇ كۆپەيدى، بىزنىڭ يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىمىز بارغانسېرى ياخشى سېتىلىۋاتىدۇ. 2018 - يىلى مەن ھۆددىگە ئالغان قومۇشلۇقتا قىسقۇچپاقا قۇمچىقى باقتىم، بۇ يىل 9 - ئايدا بازارغا سېلىشنى مۆلچەرلەۋاتىمەن» دېدى نايىن تولغوي كەنتىدىكى 58 ياشلىق كەنت ئاھالىسى ھەببۇللا خۇشال ھالدا.

مۇھىت ئىجازىتى ئۆلچىمىنىڭ بارغانسېرى قاتتىق بولۇشى ھەمدە دەريا - كۆل باشلىقى تۈزۈمىنىڭ يولغا قويۇلۇشىغا ئەگىشىپ، شىنجاڭدىكى دەريا ئېقىنلارنىڭ ھاياتىي كۈچى ئەسلىگە كەلدى. تارىم دەرياسىدىن ئىبارەت بۇ چوڭ دەريا تېخىمۇ تۆجۆپىلەپ ئاسرالدى. 2016 - يىلى، شىنجاڭ ئەڭ قاتتىق بولغان سۇ بايلىقىنى باشقۇرۇش تۈزۈمىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، تارىم دەرياسى ھەۋزىسىنىڭ سۇ مىقدارىنى تەقسىملەش لايىھەسىنى «ئۈچ قىزىل سىزىق» بويىچە سۇ ئىشلىتىش ئومۇمىي مىقدارىنى تىزگىنلەش كۆرسەتكۈچىگە يۆتكىدى. ئۈزلۈكسىز ئېكولوگىيەلىك سۇ يەتكۈزۈشنىڭ پايدىسىدا تارىم دەرياسىنىڭ ئاخىرقى ئۈچىدىكى تېتىما كۆلىنىڭ كۆل يۈزى ۋە ئەتراپىدىكى سۇلۇق يەر كۆلىمى 500 كۋادرات كىلومېتىردىن ئېشىپ، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى 2 - چوڭ كۆلگە ئايلاندى.

ئېكولوگىيە گۈللەنسە، مەدەنىيلىك گۈللىنىدۇ، ئېكولوگىيە خارابلاشسا، مەدەنىيلىك خارابلىشىدۇ. شى جىنپىڭنىڭ ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى ئىدىيەسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، شىنجاڭ ئەۋلادلارغا مەسئۇل بولۇش پوزىتسىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ، ئاسمىنى كۆك، يېرى يېشىل، سۈيى سۈزۈك گۈزەل يۇرت - ماكانى تىرىشىپ قۇرماقتا.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 - نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)